49022 ـ تاش ئېتىشنىڭ ۋاقتى توغرىسىدا

سوئال

مەن تاش ئېتىشنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى ۋاقتىنى تولۇق بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ۋاقتى قۇربان ھېيت كۈنى قادىر بولالايدىغانلار ئۈچۈن كۈن چىققاندىن كېيىن باشلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ياشانغانلار، ئاجىزلار قىستاڭچىلىقتا بەردەشلىق بېرەلمەيدىغان ئاياللار ۋە كىچىك باللار بولسا كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئاتسا بولىدۇ، ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكىر رەزىيەللاھۇ ئەنھا قۇربان ھېيت كېچىسى ئاينىڭ ئولتۇرۇشىنى كۈتەتتى، ئاي غايىپ بولغاندىن كېيىن مۇزدەلىپىدىن مىناغا قايتىپ، شەيتانغا تاش ئاتاتتى، ئەمما تاش ئېتىشنىڭ ئاخىرقى ۋاقتى ھېيت كۈنى كۈن ئولتۇرغىچە بولىدۇ، ئەگەر تاش ئېتىش ئورۇنلىرى قىستاڭچىلىق بولسا ياكى تۇرغان ئورنى ئۇ يەرگە يىراق بولسا، تاشنى كېچىدە ئېتىشنى خالىسا كېچىدە ئاتسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ھېيت كۈنى ئاتىدىغان تاشنى ئون بىرىنچى كۈنى تاڭ يورۇغىچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئەمما تەشرىق كۈنلىرى ئاتىدىغان تاشنى يەنى ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون ئۈچىنچى كۈنلىرى ئاتىدىغان تاشنى كۈن تىكلىشىپ پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگەندىن تارتىپ كېچىگىچە ئاتسا بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتىمۇ قىستاڭچىلىق ۋە باشقا قىيىنچىلىقلار بولسا، كېچىدىن باشلاپ تاڭ يورۇغىچە ئاتسا بولىدۇ، ئون بىرىنچى، ئون ئىككىنچى ۋە ئون ئۈچىنچى كۈننىڭ تاشلىرىنى زاۋالدىن ئىلگىرى يەنى پېشىننىڭ ۋاقتى كىرىشتىن بۇرۇن ئاتسا توغرا بولمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالاممۇ تاشنى پېشىننىڭ ۋاقتى كىرگەندىن كېيىن ئېتىپ، كىشىلەرگە: ھەج پائالىيەتلىرىڭلارنى مەندىن ئۆگىنىڭلار دېگەن، قاتتىق ئىسسىق بولۇپ تۇرۇپمۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاش ئېتىشنى مۇشۇ ۋاقىتقا كېچىكتۈرۈشى، زاۋال ئىلگىرى سالقىن ۋە تاش ئېتىش ئاسان تۇرۇپمۇ ئاتمىغانلىقى، تاشنى پېشىن ۋاقتىدىن بۇرۇن ئاتسا توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭدەك پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ كۈن ئېگىلگەن ۋاقتىدا پېشىن نامىزى ئوقۇشتىن بۇرۇن تاش ئاتقانلىقىمۇ تاشنى زاۋالدىن ئىلگىرى يەنى پېشىننىڭ ۋاقتى كىرىشتىن ئىلگىرى ئېتىشنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئەگەر دۇرۇس بولغان بولسا ئەلۋەتتە پېشىن نامىزىنى ئاۋۋالقى ۋاقتىدا ئوقۇش ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن تاشنى زاۋالدىن ئىلگىرى ئېتىش ياخشى بولاتتى.

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دەلىللەر تەشرىق كۈنلىرىدە تاشنى زاۋالدىن بۇرۇن ئاتسا توغرا

بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ. ["ئىسلام ئاساسلىرى پەتىۋاسى"560-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ:" قۇربان ھېيت كۈندىكى چوڭ شەيتانغا تاش ئېتىشنىڭ ۋاقتى، زۇلھەججىنىڭ ئون بىرىنچى كۈنى تاڭ يورۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ياشانغانلار ۋە ئاجىزلار ۋە قىستاڭچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلار ئۈچۈن قۇربان ھېيت كېچىسى يېرىم كېچىدىن كېيىن باشلىنىدۇ.

تەشرىق كۈنلىرىدە تاش ئېتىش بولسا، ئاۋۋالقى چوڭ شەيتانغا تاش ئاتقانغا ئوخشاش بولىدۇ، ئاۋۋالقى ۋاقتى زاۋالدىن كېيىن پېشىننىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىن باشلىنىپ ئەتىسى تاڭ يورۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، تەشرىقنىڭ ئاخىرقى كۈنى كېچىدە تاش ئېتىلمايدۇ چۈنكى ئۇ كېچە ئون تۆتىنچى كۈننىڭ كېچىسىدۇر، چۈنكى تەشرىق كۈنلىرى دېگەن ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى يەنى زۇلھەججىنىڭ ئون ئۈچىنچى كۈنى كۈن ئولتۇرۇش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، بۇ كۈنلەردە كۈندۈزدە تاش ئېتىش ياخشى، ئەمما كۈندۈزدە ھاجىلار كۆپ، قىستاڭچىلىق، كىشىلەر بىر-بىرىگە پەرۋا قىلمايدىغان ھالەتتە بولۇپ، ئۆزىگە ئەزىيەت يېتىشتىن ياكى بەك جاپا تارتىپ قىلىشتىن ئەنسىرىسە تاشنى كېچىدە ئاتسىمۇ بولىدۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندىمۇ كېچىدە ئاتسا دۇرۇس بولىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ مەسىلىدە ئېھتىياتچان بولۇپ، بەك قىيىنچىلىق بولمىسا كۈندۈزدە ئاتقان ياخشى بولىدۇ. ["ئىسلام ئاساسلىرى پەتىۋاسى"557-558-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.